
# هايۋاناتلار دۇنياسى



بالىلار ئۈچۈن بىلىم ئوقۇشلۇقى

@uyghur_baliliri

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ھايۋانلار

بۇ يەردە چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ھەممە ھايۋانلارنى كۆرەلەيسىز. ئۆزىڭىزنىڭ بىلىمىنى سىناپ بېقىڭ. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى ۋە بالىلىرىنىڭ ئاتىلىشىنى دېيەلەمسىز؟



قايسى ھايۋان قۇ قۇ قۇق دەيدۇ؟ يەنە قايسى ھايۋان مۆ دەيدۇ؟كۇۋاك؟مە؟گۇلۇك؟

# ئۆچكە








ئەركەك ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئۆچكىنىڭ ساقىلى بار.

www.uyghurkitap.com

# قوي

قوينىڭ بەدىنى ھەم ئۇزۇن، ھەم قويۇق يۇڭ بىلەن قاپلانغان. ئۇ ئوت يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





كىشىلەر ھەر يىلى ئۇنىڭ يۇڭىنى بىر قېتىم قىرقىدۇ.



قوشقارنىڭ چىرايلىق بۇرمىسىمان مۈڭگۈزى بولىدۇ.


# ئات

ئات ئوتخۇر هايۋان،سانائەت تەرەققى قىلمىغان ۋاقىتلاردا ئات دائىم تېرىلغۇ ئىشلىرىغا سېلىناتتى. هازىر بەزى ئاتلار يەنىلا هارۋا سۆرەشكە ئىشلىتىلىدۇ.









بەستىلىك، پاكار ھەم سېمىز ئاتلار ئاساسەن فېرمىدا ئىشلىتىلىدۇ.

چەبدەس، سەزگۈر ھەم ساغلام ئاتلار ئاساسەن مۇسابىقىلەردە ئىشلىتىلىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆركە توخۇ

كۆركە توخۇ ئۆي ھايۋانلىرى ئىچىدە تەن قۇرۇلۇشى ئالاھىدە چوڭ بىر تۈر. ئۇنىڭ تۇرقى ئىنتايىن ئۆزگىچە.







ئەركەك كۆركە توخۇ تورغا ئوخشاش قانىتىنى ئېچىپ ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ.

كۆركە توخۇ قوقۇقلاپلا يۈرىدۇ.

# كالا

كالىلار ئوت-چۆپ، سامان، ھەلەپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەڭ باشتا يەمنى يۇتىدۇ، ئاندىن قايتا چىقىرىپ چاينايدۇ، بۇنى كۆشەش دەيمىز. شۇڭا كالىنىڭ داۋاملىق ئاغزىنى مىدىرلىتىپلا تۇرغىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ.



چىشى كالا (ئىنەك) موزاي تۇغقاندا سۈت بېرىدۇ. ئىنسانلار كالىنىڭ سۈتى ۋە گۆشىنى تۈرلۈك شەكىلدە ئىستېمال قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توخۇ

توخۇ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئەركىكىنىڭ ئىسمى خوراز، چىشىسىنىڭ ئىسمى مېكيان، بالىسى چۆجە. ئۇلار قۇش ئائىلىسىگە تەۋە، قانىتى بار ئەمما ئۇچالمايدۇ. ئۇلار دان، قۇرت-قوڭغۇز ۋە يوپۇرماقلارنى يەيدۇ.




توخۇنىڭ تۇخۇمى، گۆشى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مېكيان ئادەتتە تەخمىنەن ئۈچ ھەپتە تۇخۇم بېسىپ چۆجە چىقىرىدۇ. چۆجىلىرىگە قانداق قىلىپ كۈچلۈك تۇمشۇقى بىلەن داننى ئېلىشنى ۋە پەنجەلىرى بىلەن قۇرتلارنى تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ.

# غاز

غازلار سۇدا، قۇرۇقلۇقتا ۋە ھاۋادا ياشىيالايدۇ. ئۇلار كۆپ غاقلايدۇ ۋە ئاۋازى يۇقىرى. غازلار توپلىشىپ ياشايدۇ.



ئۇلارنىڭ پەيلىرى ئالاھىدە يۇمشاق ۋە جانلىق، شۇڭا ئىنسانلار ئۇلاردىن ياستۇق ۋە يوتقانلارنى تولدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۈشۈك

كىشىلەر ئۆيدە باققان مۈشۈكلەردىن باشقا، ئورمانلىقتا يەنە نۇرغۇن مولۇن (ياۋا مۈشۈك) لەر بار.




مۈشۈك يولۋاس، يىلپىز قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاش مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋان. ئۆيدە بېقىلغان مۈشۈكمۇ ئولجا تۇتۇپ يەيدىغان تەبىئىيتىنى يوقاتمايدۇ.

# توشقان

فىرمىلاردا بېقىلىۋاتقان ئۆي توشقانلىرى قۇرۇق ئوت ۋە سەۋزە قاتارلىقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما تەبىئەت قوينىدا چوڭ بولغان ياۋا توشقانلار پەقەت ئوت- چۆپلا يەيدۇ.







فىرمىلاردا توشقان لاپاسلاردا بېقىلىدۇ.
بۇنىڭ ئىچىدا ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقاننىڭ يۇڭى ھەم ئۇزۇن ھەم يۇمشاق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆردەك


ئۆردەكلەر قۇش تۈرىگە تەۋە. ئۇلار ئادەتتە سۇلۇق يەرلەردە ياشايدۇ، مەسىلەن، كۆلچەك، دەريا ۋە ئېرىق- ئۆستەڭلەر قاتارلىقلاردا. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ياپىلاق بولىدۇ، سۇدا ئۈزۈشكە قولاي.



ئۇلارنىڭ تۇمشۇقلىرىمۇ ياپىلاق، ئادەتتە كىچىك يىلان، هاشارەت ۋە ئۇرۇقلارنى يەيدۇ. ئۇلار سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ يەم ئالالايدۇ.

# چوشقا

چوشقىنىڭ پۇراش سەزگۈسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، يەم ئىزدىگەندە بۇرنى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەسقاتىدۇ. ئۇ ئىنسانلارغا كۆپ كېسەللەرنى يۇقتۇرۇپ قويالايدۇ.




چوشقىلار پاتقاقتا يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇ ئارقىلىق سالقىندايدۇ. ئۇلار تەرەتلىرىنى ئايرىم يەرگە قىلىدۇ. ياتىدىغان يېرى بىلەن تەرەت قىلىدىغان يېرى ئايرىم بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئېشەك

ئېشەكلەر ئاستا ھەرىكەت قىلىدۇ. نامرات دۆلەتلەردە ئادەتتە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. ھارۋا سۆرەش، يۈك ئارتىش ياكى ئىنسان يۈدۈش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە سېلىنىدۇ. ئۇلار ئات، تاغىل ئات بىلەن ئوخشاش ھايۋان ئائىلىسىگە تەۋە، ئەمما ئۇلارغا قارىغاندا ئۇزۇنراق قۇلاقلىرى بار ھەم بوي جەھەتتە ئۇلاردىن كىچىك.



ئۇلار جاھىللىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇلار ئاتلارغا قارىغاندا دېھقەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، ئەگەر ئەھۋال ياخشى ئەمەستەك بولسا، تۇرغان يېرىدا مىدىرماي، ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ. ئېشەكنىڭ ئىككىسى ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشى كېرەك.

# سۇ كالىسى

سۇ كالىسى چوڭ تىپتىكى ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلاردۇر. كۆندۈرۈلگەن سۇ كالىلىرى ئاسىيادا ناھايىتى ئومۇملاشقان. ئۇلارنىڭ تېرىسى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، تەر بەزلىرى تەرەققىي قىلمىغان، شۇڭا سۇدا ئىسسىقلىق تارقىتىدۇ.



سۇ كالىسى ئاسىيادا ئاساسلىقى ئەمگەك كۈچى قىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. ياۋرۇپادا بولسا يېمەكلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈتىنىڭ ياغ مىقدارى يۇقىرى،شۇڭا ساقلاش قولاي.

www.uyghurkitap.com

# ئورمان هايۋانلىرى



# سېسىق كۆزەن

سېسىق كۆزەننىڭ تېنى چوڭراق، خەتەركە يولۇققان ھامان كۆشەندىسىگە سېسىق پۇراق قويۇپ بېرىدۇ، ئۇلجا تۇتمىغان چاغلاردا ئۇۋىسىدا تۆكىلىپ ياتىدۇ.





ئۇ سۇ ئۈزۈش ماھىرى بولۇپ، بېلىق يېيىشكە بەكمۇ ئامراق.



بەزى چاغلاردا سېسىق كۆزەن ئۆي ھايۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارغا تەھدىت سالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سېرىق ئاغمىخان

سېرىق ئاغمىخاننىڭ تېنىمۇ، بويىنىمۇ ئۇزۇن، بېشى ئىنتايىن كىچىك، ئۇ ناھايىتى ئىشتىھالىق بولغاچقا، ۋاقتىنى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.





سېرىق ئاغمىخان بەزىدە قۇش تۇخۇمى ئوغرىلاپ يەيدۇ.



ئۇلار يەنە قارىغۇ چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ، ئەمما كۆپىنچە سېرىق ئاغمىخانلار چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ.

# تىيىن

تىيىندىن ئىبارەت
بۇ كىچىك هايۋان
دەرەختە ياشايدۇ ،
ئۇ دەرەخكە بەك تېز
يامىشالايدۇ ۋە
چاققانلىق بىلەن
بىر شاختىن
يەنە بىر شاخقا
سەكرىيەلەيدۇ .





ئۇلار ئورمان ياڭىقى ۋە
باشقا قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنى
غاجىلاپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ .



تىيىن ئانا بالىلىرىغا ئۇۋا ياسىماقتا .

www.uyghurkitap.com

# بۇغا



بۇغىنىڭ بېشىدا ئىنتايىن چىرايلىق شاخسىمان مۈڭگۈزى بار بولۇپ، تاج تاقىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ.



بۇغىلار ئۆزىنىڭ زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن داۋاملىق ئۆز-ئارا ئېلىشىپ تۇرىدۇ.



ھەر يىلى 2-ۋە 3-ئايلاردا، بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە يېڭى مۈڭگۈز ئۈسۈپ چىقىدۇ.

# مارال



مارالنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۈڭگۈزى بولمايدۇ، يېڭى تۇغۇلغان بۇغا موزىيىنىڭمۇ مۈڭگۈزى بولمايدۇ.



بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇغا موزىيىغا ئاستا-ئاستا مۈڭگۈز چىقىدۇ.



يېڭى تۇغۇلغان بۇغا موزىيىنىڭ تېرىسىدە ئاق داغ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۆرە



بۆرە سوغۇق بەلۋاغ ئورمانلىقى
ۋە بىر قىسىم تاغلىق رايونلاردا ياشايدۇ.

ئۇلار توپلىشىپ ياشاشنى
ياخشى كۆرىدۇ.



قىش پەسلىدە بۆرىنىڭ تۈكىنىڭ
رەڭگى سۇسلىشىپ كېتىدۇ.



بۆرىلەر كېچىدە سىرتتا ھەرىكەت قىلىشنى
ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇلار تېخى قورقۇنۇچلۇق
ھۇۋلايدۇ .

# بورسۇق

بورسۇق بىلەن سېسىق كۆزەن ئاغمىخانىلار ئائىلىسىگە كىرىدۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ تېنى ئىنتايىن چوڭ. بورسۇق پاكىز ھايۋان بولۇپ، داۋاملىق ئۇۋىسىنى تازىلاپ تۇرىدۇ.





بورسۇق كۈندۈزى ئۇۋىسىدا ئۇخلىسا، كېچىسى سىرتقا چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.



ئۇ، سازاڭ، يېشىل پاقا ۋە كەسلەنچۈك يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئېيىق



ئېيىق ، يالغۇز يۈرىدىغان هايۋان ،
ئۇ ئارقا پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرالايدۇ.
ئۇنىڭ تىرناقلىرى ئۆتكۈر
هەم كۈچلۈك .




ئۇ بېلىق تۇتۇش ماھىرى ، شارقىراپ
ئېقىۋاتقان سۇدىنمۇ بېلىق تۇتالايدۇ .



ئېيىق ، ھەسەل يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.
شۇڭا ، ئۇ داۋاملىق دەرەخ كاۋاكلىرىدىن
ھەسەل كولاپ يەيدۇ .

# ياۋا توڭگۇز

ياۋا توڭگۇز كۈچۈكى تىمىلچە تۈكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.







ئۇلار يوغان قوزۇق چىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ.

ياۋا توڭگۇزلار ئادەتتە كېچىسى يەم ئىزدەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇشۇكئېيىق

مۇشۇكئېيىق ئېيىققا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى ياۋاش. ئۇ ئاساسەن جۇڭگونىڭ بامبۇكزارلىقىدا ياشايدۇ. ئۇ ھەركۈنى نۇرغۇن ۋاقىتنى قورساق تويغۇزۇشقا سەرپ قىلىدۇ.








بالا مۇشۇكئېيىق سىركچىكە ئوخشايدۇ، ئۇلار دەرەختە ياماشالايدۇ.

مۇشۇكئېيىق ئاساسلىقى بامبۇكنىڭ يۇمران شاخلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

# تۈلكە

تۈلكە ئاساسەن ئورمانلىق ، قۇملۇق ، شۇنداقلا ئېدىرلىق (تۆپىلىك) لاردا ياشايدۇ . ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر .





تۈلكە بەزىدە توشقان كامىرىنى چوڭايتىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسى قىلىۋالىدۇ .



يېزىلاردا تۈلكە دائىم ئۆي هايۋانلىرىنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ -دە ، ئۇلارنى ئولجىغا ئالىدۇ .

www.uyghurkitap.com

# دالا ھايۋانلىرى








# چاشقان

چاشقان غاجىلىغۇچىلارغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ تۈرى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆي چاشقىنىنى بەزى كىشىلەر ئۆيىدىلا كۆرەلەيدۇ. ئۇلار توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداقلا قانداقلا نەرسە بولسا يەۋېرىدۇ.





ئۆي چاشقىنى ھەتتا سۇلياۋ تۇربا ۋە قەغەزنىمۇ يەيدۇ.



ئۆي چاشقىنى بىلەن ئاق چاشقان بىر قېتىمدىلا نۇرغۇن بالا تۇغىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تۈلۈم چاشقان

ئۇ چاشقانغا ئوخشاش غاجىلىغۇچىلارغا كىرىدىغان بولۇپ، ئادەتتە دالىدا ياشايدۇ. دەرەخ قوۋزاقلىرىنى، شۇنداقلا ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





ئۇ ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن يول قازىدۇ.



كۈز پەسلىدە ئۇ ئۇۋىسىغا نۇرغۇن ئوزۇقلۇق توپلىۋېلىپ، قىشتىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىدۇ.

# تۇمشۇقى ئۇزۇن چاشقان

ئۇ كىرپىكە ئوخشاش هاشارەت يەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۇچلۇق تۇمشۇقى بار. قۇيرۇقىنى هېسابلىمىغاندا بۇ خىل چاشقاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 سانتىمېتىردىن ئۇزۇن ئەمەس.





سىرتقا چىققاندا باللىرىنى چىڭ چاپلاشتۇرۇپ يۈرىدۇ.



ئۇنىڭ ئىشتىهاسى چوڭ بولۇپ، هەر تۈرلۈك هاشارەتلەرنى يەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرپە

كىرپىنىڭ تېنى قاتتىق تىكەن بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئادەتتە باغلاردا ياشايدۇ. قىش كۈنلىرى كىرپە دەرەخ يوپۇرماقلىرى دۆۋىسىدە ياكى ئۆڭكۈرلەردە ئۇخلايدۇ.








كىرپە كىچىك بولسىمۇ، زەھەرلىك قارا يىلانغا ھۇجۇم قىلالايدۇ.

كىرپە خەتەرنى سېزىپلا قالسا، تېزلىكتە تۈگۈلۈۋېلىپ، ئۆزىنى قوغدايدۇ.

# ئۆڭكۈر توشقىنى

ئۆڭكۈر توشقىنىنىڭ دۈمبىسىدىكى تۈكلىرى قوڭۇر ، قورساق قىسمىدىكىسى سارغۇچ ئاق رەڭدە بولىدۇ . ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ ، بىر ئانا ئۆڭكۈر توشقىنى بىر يىلدا تەخمىنەن 50نى تۇغالايدۇ .







ئۇلار دائىم زىرائەتلەرنى غاجىلاپ يەپ ، دېھقانلارغا زىيان سالىدۇ .

ئۆڭكۈر توشقىنى ئادەتتە يەردىن كامار كولاپ ، شۇ يەردە تۇرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

# قارىغۇ چاشقان

قارىغۇ چاشقاننىڭ كۆزى تازا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما ئۇ ھەم يوغان، ھەم كۈچلۈك پۇتى بىلەن ئورەك كولاپ، سازاڭ،تۇتۇپ يېيەلەيدۇ.





ئۇلار كولاپ ئالغان توپىنى ئورەكنىڭ يېنىغا دۆۋىلەپ، ئۇۋا ياسايدۇ.



قارىغۇ چاشقان ئادەتتە يۇمشاق ئۇۋىسىدا بالا تۇغۇپ، بالىلىرىنى باقىدۇ. ئۇ بىر قېتىمدا ئىككىدىن بەشكىچە بالا تۇغىدۇ.

# كەسلەنچۈك

كەسلەنچۈك دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئۆمىلىگۈچى هايۋان. ئۇ تاش ئۆستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىشقا ئامراق بولۇپ، هاشاراتلارنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.





كۆپىنچە كەسلەنچۈكلەر تۇخۇم تۇغىدىغان هايۋانلار تۈرىگە كىرىدۇ.




كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرىقىنىڭ يېرىمى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ، هېچنېمە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كېپىنەك

كېپىنەكنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. رەڭگىمۇ ھەرخىل . بىز دائىم چىرايلىق كېپىنەكلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.





كېپىنەكنىڭ تۇخۇمى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ كىچىككىنە تۇخۇم تۇكلۇك قۇرتقا ئايلىنىدۇ. تۇكلۇك قۇرت كۆپ قېتىم ئۆزگىرىپ، قورچاققا ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كېپىنەككە ئۆزگىرىدۇ.

# ياۋا توشقان

ياۋا توشقاننىڭ تۇرقى ئۆي توشقىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئارقا پۇتى بىلەن تۇرقى ئۆي توشقىنىڭكىدىن ئۇزۇنراق. ياۋا توشقان كۆپىيىش مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتتا يالغۇز ياشايدۇ.








ياۋا توشقان يەر يۈزىدىن ئاددى ئورا كولاپ شۇ يەرگە ماكانلىشىدۇ.

ياۋا توشقان خەتەرگە يولۇققاندا تېز سۈرئەتتە يۈگۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ سۈرئەتلىك يۈگۈرۈش تېزلىكى 80 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دالىدىكى ھايۋانلار

ئىككى پارچە رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ. ئاندىن بېرىلگەن، سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.



بۇ ھايۋانلارنىڭ قايسىسى يامغۇردا سەيلە قىلىشقا ئامراق؟ قايسىسى يەركە كامار كولايدۇ؟ قايسىسى بېشىنى يەركە قارىتىپ ئۇخلايدۇ؟



# قۇندۇز

قۇندۇزنىڭ چىشى دەرەخ شېخىنى چىشلەپ سۇندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورالى. ئۇلار شۇندۇرۇۋالغان دەرەخ شاخلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە ئۇۋا ياسايدۇ.





قۇندۇزنىڭ 40 سانتىمېتىر توملۇقتىكى دەرەخنى سۇندۇرۇشىغا تەخمىنەن ئىككى سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.



قۇندۇز بۇ دەرەخ شاخلىرى ۋە لاي بىلەن دەرياغا دامبا ياسايدۇ.

# ياۋا كالا

بۇرۇن مىليونلارچە ياۋا كالىلار مەۋجۇت ئىدى، ئەمما ھازىر ئۇلار قوغدىلىدىغان ھايۋانلار ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار 60 كىلومېتىر/ سائەت تېزلىكتە يۈگۈرەلەيدۇ.





ئەركەك ياۋا كالىلار جۈپلىشىش مەزگىلىدە جۈپ ئېلىشىدۇ.



ياۋا كالىلار ناھايىتى سوغۇق ۋە ناھايىتى ئىسسىق ھاۋالارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

# ئىنوت

بۇ كىچىك ھايۋان پەقەت ئامېرىكىدىلا مەۋجۇت. رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە، تۆت پۇتى توم ھەم قىسقا بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەدىنىنى يىرىك موي قاپلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ بىر خىل چوڭ ئاچكۆز ھايۋان بولۇپ، ھەتتا يەم ئىزدەش ئۈچۈن ئۆيلەرگىمۇ كىرىدۇ.





ئۇ يېمىنى يېيىشتىن بۇرۇن يۇيۇۋېتىدۇ.



ئىنوت دەرەخكە يامىشىشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، ھەرقېتىم خەتەرگە يولۇققاندا، تېز سۈرئەت بىلەن ئېگىز ھەم ئىنچىكە دەرەخ شاخلىرىغا يامىشىپ چىقىپ، ئۆزىنى قوغدايدىكەن.

# قۇلۇلە

قۇلۇلە بىر خىل يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. بەدىنىدە قاتتىق قاپ بار بولۇپ، ئۆزى بىلەن تەڭ چوڭىيىدۇ.







قۇلۇلە ئادەتتە ئورەكتىن ياسالغان ئۇۋىسىغا تۇخۇملايدۇ.

قۇلۇلە يامغۇر ياغقاندا، قېپىدىن بېشىنى چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قۇندۇز ۋە قاما

قۇندۇز كۆل ۋە دەريا قاتارلىق تاتلىق سۇدا ، قاما ئاساسلىق دېڭىزدىكى دېڭىز يۇسۇنلىرى ئارىسىدا لەيلەپ يۈرۈپ ياشايدۇ.






قاما سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان ئوزۇقى - بېلىق .




قۇندۇز كىچىك تاشلار بىلەن قۇلۇلە قېپىنى چېقىپ يەيدۇ .

# يېشىل پاقا

يېشىل پاقا ئاساسەن كۆلچەك ۋە دەريا بويلىرىدا ياشايدۇ ھەم ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. لېكىن، بەزى تۈردىكى يېشىل پاقىلار ناھايىتى قۇرغاق جايلاردا ياشايدۇ.







يېشىل پاقا خەتەرگە ئۇچرىغان ھامان، سەكرىگىنىچە قېچىپ كېتىدۇ.

يېشىل پاقىنىڭ تۇخۇمى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇمچاقلارغا ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەپەرەڭ

شەپەرەڭ قۇش ئەمەس. ئەمما، ئۇ ئۇچالايدۇ. ئۇنىڭ چوڭلۇقى چوڭ چاشقانچىلىك كېلىدۇ. ئۇ تاغ ئۆڭكۈرلىرى ياكى دەرەخ كاماللىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.







شەپەرەڭ كېچىلىرى سىرتقا چىقىپ، ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

شەپەرەڭ كۈندۈزلىرى تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلايدۇ.

# قۇش تۈرلىرى



# پىنگۋىن

پىنگۋىننىڭ كۆرۈنۈشى قۇشقا ئوخشىمىسىمۇ ھەم ئۇچالمىسىمۇ، ئۇ قۇشلار تۈرىگە مەنسۇپ. پەقەت ئۇنىڭ قانىتى تەدرىجىي پالاقچىكە ئۆزگىرىپ كەتكەن.





ئۇ سۇغا شۇڭغۇپ، بېلىق تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.




ئەركەك پىنگۋىن مۇزلۇقتا ئۆزى يالغۇز تۇخۇم باستۇرۇۋاتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# قارلىغاچ

كىشىلەر قارلىغاچلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى، قارلىغاچ باھار ئەلچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى ھاۋانىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.





يازنىڭ ئاخىرلىرى، كۈزنىڭ باشلىرىدا، قارلىغاچلار ئىللىق جايغا كېتىپ، قىشتىن ئۆتىدۇ.



قارلىغاچ ئادەتتە تورۇسلارغا ئۇۋا سالىدۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياۋا ئۆردەك

ياۋا ئۆردەك دالىدىكى كۆلچەك ۋە دەريالاردا ، ھەم شەھەرلەردىكى باغچىلاردا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك.







ئانا ياۋا ئۆردەك ئادەتتە بالىلىرىنى قومۇشلۇقتا يوشۇرۇپ قويىدۇ.

كۈز پەسلى كېلىشى بىلەن ، ئۇلار توپ-توپ بولۇشۇپ ، ئىللىق جايغا قاراپ ئۇچۇپ قىشتىن ئۆتىدۇ.

# ئورمان كەكلىكى

ئورمان كەكلىكى ئېتىز قىرلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ. مول ھوسۇللۇق پەسىل يېتىپ كەلگەندە، ئورمان كەكلىكى بالىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەردىن ئايرىلىدۇ.





بالا ئورمان كەكلىكلىرى تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ئەركەك ئورمان كەكلىكى چىشى ئورمان كەكلىكىگە ياردەملىشىپ ئۇلارغا قارايدۇ.




بالا ئورمان كەكلىكى چۈمۈلە تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاق قۇشقاچ

باغۋەنلەر بۇ خىلدىكى كىچىك قۇشقاچنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئەتىياز مەزگىلىدە ئۇ دەرەخ شېخىدىكى يۇمران بىخلارنى يەيدۇ.







ئاق قۇشقاچ ئۈزۈم يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئاق قۇشقاچ توپلىشىپ ياشايدىغان قۇشلار تۈرىگە كىرگەچكە، دائىم توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

# ھۇۋقۇش

ھۇۋقۇش كۈندۈزى مۆكۈنۈپ يېتىپ ، كېچىسى سىرتقا چىقىدىغان قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر .







ھۇۋقۇش چاشقان ۋە يېشىل پاقا يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ھۇۋقۇشنىڭ بېشىدا پەيدەك ئىككى قۇلىقى بار.

# بۈركۈت

كىشىلەر بۇرۇن بۇ خىل يىرتقۇچ قۇشنى كۆپ ئوۋلىغان. بۈركۈتنىڭ كۆزى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، يىراقتىكى ئولجىنى كۆرەلەيدۇ.





بۈركۈت ئېگىز تاغنىڭ تىك قىيا ۋە چوڭقۇر ھاڭلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ.



بۈركۈت ئوۋ ئوۋلاش ماھىرى. ئۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئولجىنى تۇتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل

ئەتىياز كېلىشى بىلەن ، قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل ئېگىز دەرەخ شېخىدا تۇرۇپ سايراشقا باشلايدۇ . ئۇنىڭ سايرىغاندىكى ئاۋازى پۈتۈن ئورمانلىقنى بىر ئالىدۇ .





ئۇ ئادەتتە ئۇچۇۋاتقاندا كىچىك هاشارات تۇتۇپ يەيدۇ.



قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل چاتقاللىقتا ئۇۋا سالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# فلامىنگو

فلامىنگو ئىنتايىن چىرايلىق قۇش. ئۇ ئىللىق جايلاردا ياشايدۇ. ئۇنىڭ تېنىدىكى چىرايلىق قىزىل رەڭ ئۇ يېگەن راك لىچىنكىسى، سەدەپ قۇلۇلىسى قاتارلىق قاسراقلىق ھايۋانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ تېنىدە قىزىل پىگمېنت بولىدۇ.







فلامىنگو ئىلمەككە ئوخشايدىغان تۇمشۇقى بىلەن راك قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى سۇدىن سۈزۈپ ئالىدۇ.

فلامىنگونىڭ تېنى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۇچۇشتىن بۇرۇن مەلۇم ئارىلىقچە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

# قىرغاۋۇل

قىرغاۋۇل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە يۇمران مايسىلارنى يەيدۇ. ئەركەك قىرغاۋۇلنىڭ پەيلىرىنىڭ رەڭگى بەكمۇ چىرايلىق. ئەمما ، چىشى قىرغاۋۇللارنىڭ قۇيرۇقىدا قوڭۇر رەڭلىك پەيلەر كۆپرەك.





فېرمىدا بېقىلغان قىرغاۋۇللار توخۇ ۋە ئۆردەكلەر بىلەن بىللە ياشايدۇ.



دالىدىكى قىرغاۋۇللار ئېكىنزارلىقلار ۋە چاتقاللىقلاردا ياشايدۇ.

# شاتۇتى

شاتۇتىنىڭ ئۆمرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. بەزى شاتۇتىلار 100 ياشقىچە ياشىيالايدۇ. بەزى شاتۇتىلار ئادەمدىن كەپ قىلىشنى ئۆكىنەلەيدۇ.



شاتۇتىنىڭ بېشى چوڭ، تۇمشۇقى ئىلمەك كېلىدۇ.

كىچىك تاغىل شاتۇتىنى قەپەستە بېقىپ كۆندۈرۈش ناھايىتى ئاسان.

# كەپتەر

كىشىلەر ئادەتتە شەھەردىكى باغچىلاردا ۋە مەيدانلاردا كەپتەرنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار بىلەن ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن.





پوچتا كەپتىرى نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئۇۋىسىنى تاپالايدۇ.



كەپتەر ئادەتتە ئۇۋىلىرىدا ياشايدۇ، شۇنداقلا «كۇك-كۇك» قىلىپ كۇكىلدايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆگىقۇش

ئۇ تېنى ئەڭ چوڭ قۇش بولۇپ، ئېغىرلىقى 150 كىلوگرامغا يېتىدۇ. ئۇ قۇش بولسىمۇ، ئۇچالمايدۇ.







ئۇ ئىنتايىن تېز يۈگۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى سائەتلىك يۈگۈرۈش تېزلىكى 70كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

تۆگىقۇش ئادەتتە تۇخۇمىنى توپىلىق ئورەككە تۇغىدۇ، بىر قېتىمدا 15 ئەتراپىدا تۇخۇملايدۇ.

# ساقىيقۇش

ساقىيقۇشنىڭ تۇمشۇقىدا ئۇزىراپ قىسقىرالايدىغان خالتىسى بار بولۇپ، بۇ خۇددى بېلىق تورىغا ئوخشاش، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.





ساقىيقۇشنىڭ ئىككى چوڭ قانىتى ئىنتايىن كۈچلۈك.




بالا ساقىيقۇش ئاپىسىنىڭ ئېغىزىدىن بېلىقنى تېپىپ يەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# چايكا

چايكا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى قىيا تاشلاردا ياشايدۇ. ئۇلار ئاۋازى ئارقىلىق ، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىدۇ.







ئۇلار بىر توپ بولۇشۇپ بېلىق تۇتقىلى كەلگەن بېلىقچىلارنىڭ كېمىسىدىكى بېلىقلاردىن بىر نەچچىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ، كېمىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرىشىدۇ.

# ئاققۇ

بۇ چىرايلىق قۇش كۆل ۋە كۆلچەكتە ياشايدۇ. ئۇ سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، بېلىق ۋە باشقا كىچىك سۇ جانلىقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.





چىشى ئاققۇ قۇمۇشلۇق ياكى دەريا قىرغاقلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ.




ئەركەك ئاققۇ ئۇرۇشقاق كېلىدۇ. ئۇلار ئاسانلا تېرىكىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئاق لەيلەك

تۇمشۇقى سارغۇچ بۇ قۇش قايتىپ كەلگەندە، كىشىلەر باھارنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.





يازنىڭ ئاخىرى، كۈزنىڭ باشلىرىدا، ئاق لەيلەك ئىللىق جايغا ئۇچۇپ كېتىپ قىشتىن ئۆتىدۇ.



ئاق لەيلەك دائىم ئۆينىڭ تورخۇنىغا ئۇۋا سالىدۇ.

# تۆمۈر تۇمشۇق ۋە سېرىق چۈمچۈق

باھار يېتىپ كەلگەندە ، كىشىلەر قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىدىن سىرت ، يەنە تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ دەرەخنى توكۇلداتقان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ .









سېرىق چۈمچۈق قېرى دەرەخ كاۋىكىغا ئۇۋا سالىدۇ .

تۆمۈر تۇمشۇق تۇمشۇقى بىلەن دەرەخ غولىنى توختىماي چوقۇلاپ ، ئۇنىڭغا چۈشكەن قۇرتنى تۇتۇپ يەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شەپەرەك

شەپەرەك قۇش ئەمەس. ئەمما، ئۇ ئۇچالايدۇ. ئۇنىڭ چوڭلۇقى چوڭ چاشقانچىلىك كېلىدۇ. ئۇ تاغ ئۆڭكۈرلىرى ياكى دەرەخ كاماللىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.





شەپەرەك كېچىلىرى سىرتقا چىقىپ، ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.



شەپەرەك كۈندۈزلىرى تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلايدۇ.

# كۆكتورغاق ۋە تورغاي

كۆكتورغاق بېلىق يەيدۇ. تورغاي ھاشارەت يەيدۇ، ۋە يېقىملىق سايرايدۇ.






كۆكتورغاق چاقماق تېزلىكىدە سۇغا شۇڭغۇپ بېلىق تۇتىدۇ.



بەزى تورغايلار قومۇشلۇققا ئۇۋا ياسايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاغ قۇشقىچى ۋە قاغا

تاغ قۇشقىچى باغ ۋە باغچىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. قاغا بولسا كۆپرەك ئېتىزلاردا بولىدۇ، ئۇ دەرەخنىڭ ئەڭ ئۈستىلىرىگە ئۇۋا ياسايدۇ.






تاڭ سەھەردىن باشلاپ تاغ قۇشقىچى سايراشقا باشلايدۇ.



ئەتىيازدا قاغا تېرىپ قويغان تېرىلغۇ ئۇرۇقلىرىنى يەردىن كولاپ ئېلىپ يېيىشكە ئامراق.

# سېغىزخان

سېغىزخان قاغا ۋە تاغ قۇشقىچى بىلەن ئوخشاش ئائىلىگە تەۋە. ئۇنىڭ پەيلىرىدە چىرايلىق ئاق داغلار بار ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇق قۇيرۇقى بار.





ئۇ ھەرقانداق پارقىراق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇنى زىبۇزىننەت ئوغرىسى دېيىشكە بولىدۇ.



سېغىزخان دائىم باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدىكى تۇخۇملىرىنى ئوغۇرلايدۇ.

# كۆك قۇتان

كۆك قۇتاننىڭ چوڭ پۇتلىرى، ئۇزۇن بويۇنى ۋە ئۇزۇن تۇمشۇقى بار. ئۇ سۇلۇق رايونلارنىڭ قىرغاقلىرىدا ياشايدۇ.







كۆك قۇتان بېلىق ئوۋلىغاندا، بېلىق ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىچە خۇددى ئۆلۈكتەك قىمىرلىماي جىمجىت تۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن ئوۋنى تۇتۇپ، تۇمشۇقىنىڭ ئۇچلىرى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# چۆل هايۋانلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خامېلېئون

ئۇ ئادەتتە دەرەختە ياشايدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ئەتراپتىكى مۇھىت، تېمپېراتۇرا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزگىرەلەيدۇ.






خامېلېئون ئۇزۇن تىلى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدۇ. ئۇ تىلىنى تېز سۈرئەتتە ئۇزارتىپ قىسقارتالايدۇ.



خامېلېئوننىڭ تېرە تاشلاش مەزگىلىدە، تېرىسى يېرىلىپ، ئۇششاق ئۇۋۇلىنىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

# تىمساھ

ۋەھشىي ۋە قورقۇنچلۇق بۇ ھايۋان ناھايىتى ھورۇن بولۇپ، سۇدا ئولجىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ.





تىمساھ بالىسى تۇخۇمدىن چىقىشى بىلەنلا ،ئانىسى ئۇلارنى دەرياغا باشلاپ بارىدۇ.




تىمساھ سۇ ئۈزۈش ماھىرى. سۇدا ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي ئۈزەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بېگېموت

بېگېموت دەريادا ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلىدۇ، تېخى سۇدا پۇتى بىلەن ماڭالايدۇ.







بېگېموت كۈندۈزدە سۇغا چىلىنىپ يېتىپ، تومۇز ئىسسىقتىن ساقلىنىدۇ.


بېگېموت كەچقۇرۇنلۇقى قىرغاققا چىقىپ، ئوت-چۆپ يەيدۇ.

# كەركىدان

ئىنتايىن چوڭ بۇ ھايۋان ئاچچىقلانغاندا ئۇچقاندەك يۈگۈرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز،بولغانلىقتىن ، بەزىدە دەرەخكە ئۇسسۇۋالىدۇ.








كەركىدان ئوتخۇر ھايۋان. ئۇ ئوت-چۆپتىن سىرت ، يەنە دەرەخ يوپۇرماقلىرى ، دەرەخ شېخى ۋە مېۋە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

كەركىدان قۇش كەركىداننىڭ تېنىدىكى پارازىت قۇرتنى تۇتۇپ،يەيدۇ.

# ئاھۇ

بۇ ھايۋاننىڭ تېنى ئورۇق ۋە ئۇزۇن، پۇتىمۇ ئىنچىكە كېلىدۇ. ئۇ شىر ۋە يىلپىز قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان ئولجىسىدۇر.








ئاھۇ تۇيۇقسىز خەتەرگە ئۇچراپ قاچماقچى بولغاندا، ناھايىتى ئېگىز سەكرەيدۇ.

ئۇلار ئاساسلىق دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ.

# تاغىل ئات

تاغىل ئاتنىڭ تېنى يول-يول سىزىق بولۇپ، خۇددى ئاق-قارا يوللۇق كىيىم كىيگەندەك كۆرۈنىدۇ. ھەر بىر تاغىل ئاتنىڭ تېنىدىكى بۇ سىزىقلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.






تاغىل ئات تېنىدىكى يول-يول سىزىقلار ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى نىقابلىيالايدۇ.



تاغىل ئاتلار ئۆز ئارا ئېلىشقاندا ئارقا پۇتى ئارقىلىق ئۆرە تۇرىدۇ.

# پىل

پىل كۆك كىتتىن قالسىلا ، ئەڭ چوڭ ھايۋان. ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، يۈز يىلغىچە ياشىيالايدۇ. ئەمما، ئىنسانلار ئۇلارنى ئوۋلاپ ، ئۇنىڭ چىشىنى يۇلىۋالماقتا .







پىل ئۆچۈن سۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلار سۇ ئارقىلىق تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ ، پاشىلارنى قوغلايدۇ .

پىلنىڭ خارتۇمى خۇددى ئىنسانلارنىڭ قولىغا ئوخشاش ئىنتايىن ياخشى قورالدۇر .

# گنۇ

گنۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇلار سۇ ۋە كەڭ يايلاقلىق ئىزدەش ئۈچۈن پۈتۈن كۈن يۈگۈرىيەلەيدۇ.





دەريالارنى كېسىپ ئۆتكەندە، ئۇلار دائىم تىمساھلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.




ئۇلارنىڭ بەدىنى ئورۇقراق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزى كالىنىڭكىكە ئوخشاپ قالىدۇ.

# زىراپە

زىراپە دۇنيادىكى ئەڭ ئېكىز ھايۋان. ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ. زىراپىنىڭ خەتەركە يولۇققان چاغدىكى سائەتلىك يۈكۈرۈش تېزلىكى 50 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.







زىراپە ئۇزۇن بويىنى بىلەن دەرەخ ئۇچىدىكى يۇمران يوپۇرماقلارنى يېيەلەيدۇ.


ئۇنىڭ پۇتى بەكمۇ ئۇزۇن بولغاچقا پۇتلىرىنى كېرىپ سۇ ئىچىدۇ.



www.uyghurkitap.com


# شىر

شىرنىڭ «ھايۋانات پادىشاھى» دېگەن نامى بار. ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ. بىر شىر توپى ئىچىدە نۇرغۇن چىشى شىر ۋە ئاسلانلىرى، ئىككى - ئۈچ ئەركەك شىر بولىدۇ.





ئانا شىر ماڭغاندا ئاسلىنىنى چىشلەپ ئېلىۋېلىپ ماڭىدۇ.




ئانا شىر بالىلىرىنى ياخشى باقىدۇ، يەنە تېخى باشقا شىرنىڭ بالىلىرىغىمۇ قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# يىلپىز

يىلپىز گۆشخور هايۋان. ئۇنىڭ تېرىسى چىرايلىق، مۇسكۇللىرى ئىنتايىن ياخشى يېتىلگەن. ئۇنىڭ چىشى ۋە تىرناقلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر.








قاپلان ئولجىسىنى دەرەخكە ئەچىقىپ، ئاستا-ئاستا ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

يىلپىز دۇنيادىكى ئەڭ تېز يۈگرەيدىغان هايۋان.

# توٚگە

توٚكىنىڭ لوككىسىدا كوٚپ مىقداردا ياغ ساقلىنىدۇ . توٚكە ئۇنىڭغا تايىنىپ
ئۇدا نەچچە كوٚن ھېچنىمە يېمەي ، سۇمۇ ئىچمەي ياشىيالايدۇ.







تاق لوككىلىق توٚكىنىڭ پەقەت
بىرلا لوككىسى بولىدۇ .

تاق لوككىلىق توٚكە ئىنتايىن چىدامچان
بولۇپ، پۈتۈن بىر كوٚن دەم ئالماي
يۈكۈرەلەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قۇملۇق تۈلكىسى

قۇملۇق تۈلكىسى دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك تۈلكە بولۇپ،
ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ئۇزۇن، پۇتلىرى قىسقا ۋە يۇڭلۇق كېلىدۇ.
ئۇ ئاساسلىق قۇملۇقتا ياشايدۇ.





كېچىسى ھاۋا سالقىنلىغاندا، ئوزۇقلۇق تاپقىلى چىقىدۇ.



ئۇ كۈندۈزى كامىرىدا يېتىپ، تومۇز ئىسسىقتىن دالدىلىنىدۇ.

# يولۋاس

يولۋاس قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ئەڭ چوڭ يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ بىرى. شۇنداقلا ۋەھشىي گۆشخور هايۋان. ئۇ بىر قېتىمدىلا **40** كىلوگرام گۆشنى يەۋېتەلەيدۇ.





قىش پەسلىدە، سىبىرىيە يولۋىسىنىڭ تۈكلىرى قېلىنلىشىپ، رەڭگى سۇسلىشىدۇ.



بۇ يىرتقۇچ هايۋان ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن، سۇغىمۇ سەكرەپ چۈشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# گورىللا ۋە ئورانگوتان

گورىللا ئىنسانلارغا ئەڭ يېقىن، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋاندۇر.







ئەركەك ئورانگۇتاننىڭ يۈزىنىڭ كۆشى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

ئورانگوتان مېۋە ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

# باشقا پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلار

كۆپ قىسىم پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلار ئاساسەن تروپىك بەلباغ ئورمانلىقىدا ياشايدۇ. ئۇلار مېۋە، دەرەخ يوپۇرمىقى ۋە ھاشارەتلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.






بىر قىسىم شىمپەنزىلەرنى مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئىقتىدارى ئىككى ياشلىق بالىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن.



بۇ ئەڭ كىچىك مايمۇن بولۇپ، نەرسىلەرنى قولىدا تۇتالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# شىمپەنزە

شىمپەنزەلەرئاساسەن ئافرىقىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوت ۋە مېۋىلەرنى يەيدۇ، ئاز بىر قىسمى گۆش ۋە ھاشارەرلەرنى يەيدۇ.

رەڭگى قېنىق قوڭۇر رەڭدىن قارا رەڭگىچە بولىدۇ.قوللىرى، بىلەكلىرى پۇتىدىن ئۇزۇن بولىدۇ. يۈزىدە، ئالقىنىدا، بارماقلىرى ۋە پۇتىنىڭ ئاستى تەرىپىدە تۈك بولمايدۇ.



ئۇلار دەرەخ ئۈستىگە ئۇۋا ياسايدۇ ۋە ئۇ يەردە ئۇخلايدۇ. ئۇلارنىڭ قالتىس يامىشىش ماھارىتى بار.

ئۇلار ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ھەتتا بەزى ئىشارەت تىللىرىنى ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە. ئۇلار ھەم قوراللارنى ئىشلىتەلەيدۇ. ئۇلار تىك يۈرۈشتە قىينىلىدۇ، ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ ماڭىدۇ ۋە ئىككى قوللىرىنى ئالدى كەينىگە پۇلاڭلىتىدۇ.

# ئورانگۇتان

ئورانگۇتانلار پەقەت ئاسىيادىلا ياشايدۇ، بولۇپمۇ مالايسىيا ۋە ھىندىنوزىيەدە.

ئۇلار يەر يۈزىدە بەك ئاز ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ، ئاساسەن دەرەخ ئۈستىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ يىمەك ئادىتى شىمپەنزىگە ئوخشايدۇ ۋە شىمپەنزىلەردەك ناھايتى ئەقىللىق، قوراللارنى ئىشلىتەلەيدۇ.



ئورانگۇتانلارنىڭ بەدىنى ناھايتى چىڭ، كۈچلۈك بىلەكلىرى ۋە قىسقا، ئاجىز پۇتلىرى بار. ئۇلار سۇس قوڭۇر رەڭدىن قىزغۇچ رەڭگىچە.

يولۋاسلار ۋە يىلپىزلار ئۇلارنى يىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما بىر توپ ئورانگۇتانلارنىڭ بالىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىرلىشىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغانلىقى خاتىرلەنگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىجدىمائىي ئالاقىسى ئاز، كۆپىنچە يالغۇز يۈرۈيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گورىللا

ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قويۇق ئورماندا ياشايدۇ. ئۇلار ئاساسەن يەر يۈزىدە ياشايدۇ. ئۇلار ئوتخۇر ھايۋان تۈرىكە كىرىدۇ، پەقەت ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ.

ئۇلار قوڭۇر رەڭدىن قارا رەڭگىچە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆمبەزسىمان سۆڭەك قۇرۇلۇشى بار. (ئورانگۇتان ۋە شىمپەنزىنىڭ بولسا ئىنسانلارغا ئوخشاش يۇمىلاق سۆڭىكى بار.)



ئۇلار بەك ئاز تىك تۇرىدۇ ۋە ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇلار يەر يۈزىكە چوڭ ئۇۋا ياسايدۇ. (ئورانگۇتان ۋە شىمپەنزىلەر دەرەخ ئۈستىكە ياسايدۇ.) ئۇلارنىڭ كۆپ ۋاقتى يېيىش ۋە ئۇخلاش بىلەن ئۆتىدۇ. كىچىك ئورانگۇتانلار بەزىدە دەرەخكە يامىشىدۇ، ئەمما چوڭلىرى ئېغىر بولغاچقا ياماشمايدۇ.

ئۇلار يۇمران شاخلارنى، بىخلارنى ۋە يوپۇرماقلارنى يەيدۇ. پەقەت بەك ئاز قىسىمدا مىۋە يەيدۇ.

# چۈمۈلىخور

چۈمۈلىخور ئۇزۇن تۈكلۈك هايۋان. ئۇ كۈچلۈك تىرناقلىرى
بىلەن ئاق چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىنى ئاچالايدۇ.





ئۇ ئۇخلىغاندا تۈكلۈك قۇيرۇقى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋېلىپ ياتىدۇ.



ئۇ شىلىمشىق ئۇزۇن تىلىغا چۈمۈلىنى چاپلاشتۇرۇۋېلىپ ئۇزۇقلىنىدۇ.

# كوئاللا

كوئاللانىڭ ھەرىكىتى ئاستا، كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئېۋكالىپت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ






ئۇ يەنە تېخى دەرەخكە ئېسىلىپ ئۇخلايدۇ.



كوئاللا سۇ ئىچمەيدۇ. ئۇ ئېۋكالىپت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى تەركىبىدىكى سۇنى سۈمۈرىدۇ.

# كېنگورو

كېنگورو خالتىلىق ھايۋان، كېنگورو بالىسى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدا چوڭ بولىدۇ.








بالا كېنگورو بەزى چاغلاردا بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدىن چىقىسمۇ، بىردەمدىلا يەنە كىرىۋالىدۇ.

ئۇلار ناھايىتى ئېگىز سەكرىيەلەيدۇ ۋە تېز يۈگۈرىدۇ. سەكرەش ئېگىزلىكى تۆت مېتىرغا، سائەتلىك يۈگۈرۈش تېزلىكى 80 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بوغما يىلان

بۇ ئىنتايىن يوغان يىلان كىچىك قۇشلارغا، چوڭراق هايۋانلارغا هۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ يەنە سۇ ئۈزۈش ماهىرى.






بوغما يىلان باشقا يىلانلارغا ئوخشاش تېرە تاشلايدۇ.



بوغما يىلان ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ هايۋانلارغا چىڭ يۆگىشىۋېلىپ، بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

# جەنۇبىي ئافرىقا كىچىك بۆكىنى

جەنۇبىي ئافرىقا كىچىك بۆكىنى ئۆچكىكە ئوخشايدۇ. ئەمما، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىزىنى ئوڭايلىقچە تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئازراقلا شەپىنى تۇيۇپ قالسا، ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىدۇ.





ئۇ ئىنتايىن چاققان بولۇپ، تاشتىن تاشقا سەكرەپ يۈرىدۇ.



جەنۇبىي ئافرىقا كىچىك بۆكىنى ئاساسلىق ئېگىز تاغلاردا ياشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۆكەن


دۇنيادا تەخمىنەن **91** تۈرلۈك بۆكەن بولۇپ، كۆپىنچىسى ئافرىقىدا ياشايدۇ، ئاز قىسمى ئاسىيا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدۇ. ئۇلار ئوتخۇر ھايۋاندۇر، ئۇزۇن پۇتى، چوڭ قۇلىقى ۋە ئىنچىكە بويىنى بار. ئۇلار مۈڭگۈزى ئۆزگىچىدۇر.



ئۇلار ئاساسلىقى كەڭ كەتكەن يايلاقلىق ۋە تۈزلەڭلىكتە ياشايدۇ. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزى (مول ئاقسىل بار)، گۆشى ۋە تېرىسى ئۈچۈن ئۇلارنى ئوۋلايدۇ. بەزى تۈردىكى بۆكەنلەرنىڭ مۈڭگۈزى دورا ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

# جەدى ۋە ياۋروپا ئارقارى

ئىككىلا هايۋان تاغلىق، ئېگىزلىك رايونلاردا ياشايدۇ.
ئەركەكلىرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن مۈڭگۈزلىرى بولىدۇ.





ئارقارلار جۈپ تاللىشىپ سوقۇشىدۇ.



جەدى ناهايىتى چاققان، ناهايىتى تىك يالارغىمۇ يامىشالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# سۇغۇر

يازدا، تاغلىق رايوندا ياشايدىغان كىشىلەر سۇغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ. ئۇ بىرنەرسە يېمىگەن چاغلاردا، قانغۇچە ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ.








قىش پەسلىدە، سۇغۇر ئۆڭكۈرىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

سۇغۇر بىرەر شەپىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۆڭكۈرىگە كىرىپ، يوشۇرۇنۇۋالىدۇ


# هاشارەتلەر



www.uyghurkitap.com

# ياچىۋەك

ياچىۋەكنىڭ ئالتە پۇتى، ئىككى قانىتى ۋە ئىككى ئانتېنناسى بار. ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش بېشىنى تۆت تەرەپكە بۇرىيالايدۇ. باشقا ھاشارەتلەرنىڭ بوينى ئاجىز بولغاچقا، ئۇنداق قىلالمايدۇ.




ياچىۋەكنىڭ ئالدىدىكى ئىككى پۇتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئوۋنى ئېلىش ۋە چىڭ تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەركەك ياچىۋەكلەر قانىتىنى ئىشلىتىپ ئۇچالايدۇ، ئەمما چىشى ياچىۋەكلەر قانىتى بولسىمۇ ئۇچالمايدۇ.

ئۇلار يەنە خامېلېيوندەك رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، كۈشەندىلىرىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

# سېرىق ھەرە

سېرىق ھەرە ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما، سېرىق ھەرىنىڭ بېلى ئىنچىكىرەك كېلىدۇ. ھەسەل ھەرىسىمۇ، سېرىق ھەرىمۇ ئادەم چاقىدۇ.







سېرىق ھەرە ئادەتتە باھاردا ئۇۋا سالىدۇ.

بىر خىل سېرىق ھەرە بولۇپ، ئۇ كەچكۈز مەزگىلىدە، دەرەخ كامارلىرىغا كۆچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەسەل ھەرىسى

ھەسەل ھەرىسى توپلىشىپ ياشايدۇ. بىر ھەسەل ھەرىسى توپى ئىچىدە، تۇخۇم تۇغۇشقا مەسئۇل بىر ئانا ھەرە ۋە ئاز قىسىمدىكى ئەركەك ھەرىلەر، يەنە ئۇۋىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا توختىماي ئىشلەيدىغان ئىشچى ھەرىلەر بولىدۇ.






ھەسەل ھەرىسى بىر گۈلدىن يەنە بىر گۈلگە ئۇچۇپ يۈرۈپ، گۈل چېڭى ۋە گۈل شىرنىسىنى يىغىدۇ.




ھەرە باققۇچى، ھەرە ساندۇقلىرىدا ھەرە بېقىپ، ھەسەل ئالىدۇ.

# چېكەتكە

چېكەتكە يازدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇ تومۇز ئىسسىقنى
ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئادەتتە دالىدىكى ئوت-چۆپلەردە ياشايدۇ.








چېكەتكىلەر نەچچە سائەت
ئىچىدىلا زىرائەتلەرنى پاك-
پاكىز يەۋېتەلەيدۇ.

ياز پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا،
چېكەتكە تۇپراققا تۇخۇملاپ
بولۇپلا، ئۆلۈپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چۈمۈله

چۈمۈله قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان سانى ئەڭ كۆپ ھاشارات. ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ. شۇنداقلا ھەربىر چۈمۈلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بولىدۇ.





چۈمۈله يىغقان بارلىق نەرسىلەرنى ئۇۋىسىغا يۆتكەپ ئەكىرىدۇ.



بەزى چۈمۈلىلەر دەرەخ كۆتىكىدە ئۇۋا سالىدۇ.

# خانقىز

دېھقانلار خانقىزنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىدۇ. شۇڭا ، دېھقانلار ھاشارات يوقىتىش دورىسىنى ئىشلەتمىسىمۇ بولىدۇ.







خانقىزنىڭ بىر جۈپ قالقان قانىتى بار بولۇپ، بۇ قاناتنىڭ ئاستىدا يەنە بىرجۈپ نېپىز يۇمشاق قانىتى بار.

خانقىزنىڭ «كۆللۈك ئايىم» دېگەن نامى بار. ئۇ كۆكپىت يېيىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئۆمۈچۈك ۋە چايان

ئۆمۈچۈك ۋە چايان ئىككىلىسى ئۆمۈچۈك ئائىلىسىگە تەۋە. ئۇلارنىڭ تۆت جۈپ پۇتى بار، ئادەتتە نورمال ھاشارەتلەرنىڭ ئۈچ جۈپ پۇتى بولىدۇ.








بەزى ئۆمۈچۈكلەر چاشقاننى تۇتۇپ يەيدۇ.


ئولجىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆمۈچۈكلەر تور توقۇيدۇ.

# بەزى ھاشارەتلەر




www.uyghurkitap.com


# دېڭىز ھايۋانلىرى




# كىت

كىت دېڭىزدا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بەزى كىتلارنىڭ چىشى بار. ئەمما، بۇرۇتى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىپار كىت. بەزى كىتلارنىڭ بۇرۇتى بولىدۇ، ئەمما چىشى بولمايدۇ. مەسىلەن، كۆك كىت.





كىت دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ، سۇ پۈركۈپ، چىرايلىق فونتان ھاسىل قىلىدۇ.




ئىپار كىتىنىڭ بېشى ناھايىتى چوڭ. ئۇ دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگىمۇ شۇڭغۇيالايدۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لەھەڭ

بەزى لەھەڭلەر تولىمۇ ۋەھشىي بولۇپ، ئىنتايىن خەتەرلىك. مەسىلەن، ئاق ئاكۇلا. يەنە بەزى لەھەڭلەر ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس. مەسىلەن، كىتسىمان ئاكۇلا.








ئاق ئاكۇلانىڭ چىشلىرى ئۆتكۈر قورال ھېسابلىنىدۇ.

كىتسىمان ئاكۇلانىڭ تېنى ئىنتايىن يوغان بولسىمۇ، كىچىكرەك قاسىراقلىق ھايۋانلارنىلا يەيدۇ.

# دېلفىن

دېلفىن بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ئەقىللىق ھايۋان. ئۇلار ئىنسانلارغا يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەتتە ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ. بېلىق ۋە لولىكو بېلىقىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.







ئۇلار دائىم بېلىقچىلار تاشلىغان چوڭ تورلارغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ يەردىن قۇتۇلالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

دېلفىن يۇقىرى ماھارەتلىك سىركىچى بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سەكرەش ھەركىتىنى ئورۇندىيالايدۇ.

# سەككىز ئاياغ

سەككىز ئاياغنىڭ سەككىز تال ئۇزۇن ئانتېننىسى بولۇپ، ئانتېننىلارنىڭ يۈزىدە نۇرغۇن شورىغۇچ تەخسىسى بار. بۇ ئانتېننىلار ھەرىكەتلىنىپلا قالماي يەنە تېخى ئولجا تۇتالايدۇ.







چىشى سەككىز ئاياغ تۇخۇملىغاندىن كېيىن، تۇخۇملىرىنى ئۇۋىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن بالىسى تۇخۇمدىن چىققۇچە بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدۇ.

ھەتتا بەزىدە ئۇلار ئوزۇقلىنىشنى توختىتىپ، ئاخىرى ھەددىدىن زىيادە چارچاشتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

# تاتلىق سۇ بېلىقلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قاسراقلىق ھايۋانلار



# شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئاق ئېيىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سوغۇق شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدۇ. ئۇنىڭ تۈكلىرى تولىمۇ قېلىن بولۇپ، ئاستىدا ياغ قەۋىتى بار. بۇ ياغ قەۋىتى ئۇنى سوغۇقتىن ساقلايدۇ.





شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى سۇ ئۈزۈش ماھىرى بولۇپ، كۆپ ۋاقىتلاردا سۇدا يۈرىدۇ.



شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئاساسلىق دېڭىز يىلپىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇ يوغان پەنجىسى بىلەن، ئولجىنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرىۋېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كۆچمە مۇز ئۈستىدىكى ھايۋانلار

دېڭىز پىلىنىڭ بىر جۈپ ئۇزۇن ھىڭگاك چىشى بار. تيۇلېن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز يىلپىزى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ بۇرنى ئۇزىراپ، قىسقىرالايدۇ.







دېڭىز پىلىنىڭ ھىڭگاك چىشلىرى بەكمۇ قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىپ مۇز يۈزىگە چىقالايدۇ.

دېڭىز يىلپىزى قۇرۇقلۇقتا بەكمۇ كالامپاي بولغان بىلەن، سۇغا كىرگەن ھامان، جانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا.

# قۇلۇلىسىمان ھايۋانلار




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۇزلۇق سۇ بېلىقلىرى



# تاشپاقا

تاشپاقا قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ۋە دېڭىز تاشپاقىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ئوت-چۆپ ۋە دەل-دەرەخ يۇپۇرماقلىرىنى، دېڭىز تاشپاقىسى بولسا دېڭىز ئوت-چۆپلىرىنى ۋە مېدۇزا يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





چىغىناقسىز تاشپاقا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاشپاقىدۇر.



چىشى دېڭىز تاشپاقىسى دائىم بىرلا دېڭىز ساھىلىغا تۇخۇم تۇغىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دېڭىز چوشقىسى

دېڭىز چوشقىسى ئىنتايىن سۆيۈملۈك، ئەمما قورقۇنچاق غاجىلىغۇچى هايۋاندۇر. ئىنسانلارنىڭ سىلاپ قويۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ناهايىتى قىزغىن ئويۇن دوستى بولالايدۇ.





كەڭ دالىدا، بالا دېڭىز چوشقىلىرى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا هەرىكەت قىلىدۇ.



ئۇ ناهايىتى پاكىز، كۆپ ۋاقتى تازىلاش بىلەن ئۆتىدۇ.